# 10125 - خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

## سوئال

بەزىلەر خۇپتەن نامىزىنى بامداتقا ئەزان ئېيتىلغانغا قەدەر ئوقۇسا بولىدۇ دەيدۇ، بەزىلەر تەھەججۇت ئوقۇيدىغان ۋاقىتتا خۇپتەننىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشىدۇ دەيدۇ، يەنە بەزىلەر خۇپتەننىڭ ئاخىرىقى ۋاقتىنى بېكىتىش ئۈچۈن خۇپتەنگە ئەزان ئېيتىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ بامداتقا ئەزان ئېيتىلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقنى ھېسابلاپ ئىككىگە بولىمىز دەيدۇ، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق؟، بىلىشىمچە نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش ياخشى كۆرۈلمەيدۇ، بىز مۇشۇنىڭ ھۆكمىنى بىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلىمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

خۇپتەن نامىزنى يېرىم كېچىدىن بۇرۇن ئادا قىلىش كېرەك بولىدۇ، يېرىم كېچىگىچە كېچىك تۇرۇش توغرا بولمايدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «خۇپتەننىڭ ۋاقتى يېرىم كېچىگىچە بولىدۇ» [مۇسلىم رىۋايىتى].

(مەسچىتلەر ۋە ناماز ئادا قىلىنىدىغان ئورۇنلار /964).

شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت ھېسابى بويىۇنچە خۇپتەن نامىزنى يېرىم كېچىدىن بۇرۇن ئادا قىلىسىڭىز بولىدۇ، كېچە بەزى ۋاقىتتا قىسقىرايدۇ بەزى ۋاقىتتا ئۇزىرايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم كېچىنى سائەت بىلەن بېكىتىش كېرەك، كېچە ئون سائەت بولسا، خۇپتەن نامىزنى بەشىنچى سائەتنىڭ ئاخىرغىچە كېچىكتۈرمەسلىك كېرەك، ئەڭ ياخشى ۋاقتى كېچىنىڭ دەسلەپكى ئۈچتىن بىرىدۇر، خۇپتەننى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇسا بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا كېچىنىڭ دەسلەپكى ئۈچتىن بىرىگە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇسا ياخشى بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزنى بەزى ۋاقىتتا بىر ئاز كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، خۇپتەن نامىزى ئۇپۇقتىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىزىل شەپەق غايىپ بولغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ۋاقىتدا ئوقۇسا توغرا بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.